يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئىسلاھات سالمىقى زورايدى تەرەققىيات سۈپىتى ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

**ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئىسلاھات چوڭقۇرلاشقا يۈزلەندى**

يېقىندا، كوچا شەھەردە ئىگىلىك تىكلىگەن مىخيۇ ئۈنچىلىق كەسپىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ يوۋجياڭ قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. ئەسلىدە تۈر تۈرغۇزۇشتىن قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازىتى رەسمىيىتىنى ئۆتەشكىچە ئادەتتە يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىت كېتەتتى، لېكىن بۇ قېتىم، كوچا شەھەرلىك ئوتتۇرا، كىچىك، ئۆسمۈر كارخانىلار مۇلازىمەت مەركىزى تەمىنلىگەن ھەقسىز ۋاكالىتەن بېجىرىش مۇلازىمىتى بۇ ۋاقىتنى 30 خىزمەت كۈنىگە قىسقارتتى. «ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى مېنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتقا بولغان ئىشەنچىمنى ئاشۇردى» دېدى ۋاڭ يوۋجياڭ.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئون چوڭ ھەرىكەت لايىھەسىنى چىقىرىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىي 1433 تۈرلۈك مەمۇرىي تەستىقلاش ئىش تۈرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، تەڭشىدى ۋە قىسقارتتى؛ «كۆپ كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش» ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، «26 كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، كارخانا ۋە ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشىنىڭ قولايلىقلىشىش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى؛ مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. «ئۈچنى تۈگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش» ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى؛ سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىساد بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ياسىمىچىلىق بىلەن بولغان يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق يولغا قويۇش پىكرىنى چىقىرىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېز ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىنى، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئالغا سىلجىتتى.

زامانىۋى بازار سىستېمىسى تەدرىجىي تاكامۇللاشتى. بازار ئىجازىتى پاسسىپ تىزىملىكى ۋە ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت تىزىملىكى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈمى سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىسلاھاتى پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى. يېزا يەر تۈزۈمى، يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى، يېزىلارنىڭ تىجارەت قىلىش، باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، قوغداش قاتارلىق ئىسلاھاتلار پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، بازار ئېچىش نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ «36+1» يانداش سىياسەت ھۆججىتى بىردەك چىقىرىلىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللىشىپ، نازارەتچىلىك سىستېمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتى پائال، پۇختا ئالغا سىلجىتىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت كۈچى ئاشۇرۇلدى.

مالىيە ـ باج، پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. «ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن جەرياندىكى، ئومۇميۈزلۈك قاپلايدىغان» خامچوت ئۈنۈمىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، تىجارەت بېجىنى قوشۇلما قىممەت بېجىغا ئۆزگەرتىش، بايلىق بېجى، مۇھىت قوغداش بېجى قاتارلىق ئىسلاھاتلار مۇقىم ئالغا سىلجىتىلدى.

**خەلق ئىسلاھات پايدىسىدىن ئورتاق بەھرىلەندى**

ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، بۇ ئىسلاھاتنىڭ ئۆزگەرمەس نىشانى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئامما ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى نان مەدەنىيىتى كەسپىلەر باغچىسىنىڭ نان راسلاش سېخى غوپۇرجان قاسىم ئائىلىسىگە بەخت ۋە كېلەچەك ئېلىپ كەلدى. ئىككى بالىسى ئاغرىق بولغاچقا، غوپۇرجاننىڭ ئائىلىسى ئىلگىرى كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كەتكەن ئىدى. ھازىر، ئۇ بۇ يەردە ئىشقا ئورۇنلىشىپ، قالتىس نان يېقىش ھۈنىرىگە تايىنىپ، بىر ئايدا 4000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىغان بولدى. «خىزمىتىمىز بار بولدى، پۇل تاپالايدىغان بولدۇق، بىز بىر ئائىلە كىشىلەرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇق، تۇرمۇشىمىز چوڭقۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ» دېدى غوپۇرجان خۇشال ھالدا.

2020 ـ يىلىغا بارغاندا، ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسلارنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مېخانىزمى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچ يىللىق يولغا قويۇش لايىھەسى ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بەردى. بۇگۈنكى كۈندە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە 3 مىليون 89 مىڭ نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى، 32 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى، شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتى. ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتى قاتارلىق يولغا قويۇش لايىھەلىرىنى تۈزۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا، جەنۇبىي ـ شىمالىي شىنجاڭدا يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ماسلىشىپ ھەل قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئۈچ يىلدا 100 مىڭ كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويدى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 2 مىليون 827 مىڭ 200 كىشى بولۇپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشسىزلىق نىسبىتى 4.5% ئىچىدە ساقلاپ قېلىندى.

مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى. يېزىلاردىكى ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلارنىڭ ئۈچ يىللىق ھەقسىز مائارىپى ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان باللارنىڭ «يەسلىگە كىرىشكە تېگىشلىكلىرى تولۇق كىردى»؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يەسلى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ، كەسپىي مەكتەپلەر قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى مائارىپ ئوقۇتۇشى بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

داۋالاش، سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. سالامەتلىك تەكشۈرتۈش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەر يىلى ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلدى؛ ئۆپكە تۇبېركۇليوز قاتارلىق يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئۈنۈپېرسال ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش سىستېمىسى تاكامۇللاشتۇرۇلدى؛ دەرىجىگە ئايرىپ داۋالاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىدا دورىغا پىرسەنت قوشۇش ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمى، ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە مۇھىم، زور باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى. ئومۇمىي خەلقنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش پىلانى سىجىل يولغا قويۇلۇپ، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىش، تۇغۇت سۇغۇرتىسى ۋە شەھەر ـ يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەت، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق سۇغۇرتىلار بىرتۇتاش پىلانلىنىدىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلىپ، كاپالەت سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

# ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسى تاماملاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسى تاماملاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى يىفېي يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئۇ‍ن كۈنلۈك مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشتە، مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن ۋاقىتقا بۆلۈپ مەركەزلەشتۈرۈش، توردا تەربىيەلەشكە تەشكىللەش بىلەن تور سىرتىدا ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، سىنىق يىغىن ئارقىلىق سىستېمىلىق ھالدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ناھىيە، شەھەر، رايونلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەندى، كۇرسانتلار پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر، سىستېمىلىق ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا چۈشەندى ۋە ئىگىلىدى. مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشەنچىنى مۇستەھكەملىدى، پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇردى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى كۈچەيتتى، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك. جەزمەن باشلامچىلىق بىلەن نەزەرىيە ئاساسىنى جۇغلاپ، پۇختىلاپ، سىياسەتنى ئىگىلەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى، كۈچلۈك بولغان ئەمەلىي قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا ئۈلگە بولۇش كېرەك. جەزمەن باشلامچىلىق بىلەن راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، يۆنىلىشنى توغرىلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، دىققەتنى مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، خەلق رايىغا مايىللىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ يۈك يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەريانىدا ھەمتۈرتكە بولۇش، كەسىپلەرنى يۇغۇرۇش»تەك ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق يېڭى ئەندىزىسىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ، ياسىمىچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشتى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل «ئاپتونوم رايوننىڭ سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىساد بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش لايىھەسى» بېسىپ تارقىتىلىپ يولغا قويۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان كەسىپ، ئوخشاش بولمىغان ساھەدە يېڭى بىر ئەۋلاد سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار تېخنىكىسىنى تولپلاشتۇرۇپ قوللىنىش ۋە كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىلگەن ۋە ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇنغان. ھازىرغىچە، شىنجاڭدا ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىقتا كۆلەملەشكەن كارخانا 40تىن ئاشقان. توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش، يېنىك سانائەت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال، بىيوتېببىي دورا، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، تۇقۇمچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى توققۇز كارخانا دۆلەتنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىقتىكى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى كارخانىسى، 11 كارخانا دۆلەت مالىيەسى قوللايدىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق يېڭى ئەندىزىسىنى ئەمەلىي قوللىنىش تۈرى كارخانىسى، ئىككى كارخانا ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تۈرى كارخانىسى قاتارىغا كىرگەن بولۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىش رولى كۆرۈنەرلىك، تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈنۈم ئېففېكتى گەۋدىلىك بولغان.

ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق ئارقىلىق، بارغانسېرى كۆپ ئەنئەنىۋى كەسىپلەر ئەقلىي ئىقتىدارلىششقا قاراپ يۈزلەندى. جىنفېڭ يەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى شامال ئېلېكترى ئاقىل تىجارەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، بىر قاتار ئۇچۇرلاشقان سۇپىلارنى ئېچىپ، ئەمەلىي قوللىنىپ، شامال ئېلېكتىر مەيدانلىرىنىڭ تىجارەت سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرلىرىنى يىغىپ، يوللاپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەھلىل قىلىش، كاشىلىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش، مۇتەخەسسىسلەر قوللاش، بىلىمدىن ئورتاق بەھرىلىنىش قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە ئاقىل يۈرۈشتۈرۈش ـ ئاسراش مۇلازىمىتى تىرەك سۈپىتى شەكىللەندۈردى؛ ئالاھىدە تىرانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى سانلىق مەلۇمات مەركىزى، سانائەت ئالاقە تورى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ساھەلىرىنى چۆرىدەپ، «ئاقىل ئېلېكتىر ئىستانسىسى» «ئاقىل كان» قاتارلىق رەقەملەشكەن، ئۇچۇرلاشقان ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۈلگە كۆرسىتىش تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل قانات يايدۇردى؛ يىدا گۇرۇھىنىڭ ئۈرۈمچى، سانجى ۋە تۇرپاندىكى ئۈچ يىپ ئېگىرىش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخى ئاپتوماتلاشتۇرۇلۇپ، ئاقما لىنىيەدە يان تېلېفون Appسى ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىققا تايىنىپ، كارخانا ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى. شىنتې ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يۇقىرى ساپلىقتىكى كىرىستاللىق كرېمنىي ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇتىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى 28% ئۆسۈپ، تىجارەت تەننەرخى 25% تۆۋەنلەپ، مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ياساش دەۋرىيلىكى 30%تىن كۆپرەك قىسقىراپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپەتسىزلىك نىسبىتى 50% تۆۋەنلەپ، ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 15% ئېشىپ، شىنجاڭدىكى كرېمنىينى ئاساس قىلغان كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىكى ئالاقىدار خىزمەتچى مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل شىنجاڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئىنكاس ۋاقتى قىسقا، يۇقىرى ئىشەنچلىك، قاپلىشى كەڭ سانائەت ئالاقە تورى تور ئۇل ئەسلىھەلىرىنى قۇردى. 2025 ـ يىلىغا بارغاندا خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن ئىككىدىن ئۈچكىچە سانائەت ئالاقە تورى سۇپىسىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈپ، شەكىللەندۈرۈپ، 100 سانائەت كارخانىسىنىڭ سانائەت ئالاقە تورى سۇپىسىغا تايىنىپ رەقەملەشتۈرۈپ، تورلاشتۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىگە نۇقتىلىق تۈرتكە بولىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيەسى چىپان يېزىسىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرئەلا ئەمەتىياز دەل شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. بۇلتۇر كوئېنلۇن تاغلىق رايونىدىن ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئاقتاش بازىرىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ تەبىئىي گاز ئوچىقىدا تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىپ، «ئاخىرى دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان كۆمۈر ئىسىدىن قۇتۇلدى.» ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەتتىكى نامراتلارنى يۆلەش كۈچلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۇ ئۆيىگە يېڭى ئۆي جاھازلىرىنى تولۇق سەپلىۋالدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشىم بار بولدى، پۇل تاپالايدىغان بولدۇم.

ئاممىنى كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىلىرى كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللاندى: ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى، ئەمگەك كۈچىنى زىچ ئىشلىتىدىغان كارخانىلارنى كىرگۈزدى، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىششقا تەشكىللىدى، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلىدى…

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسى كوئېنلۇن جايىۋەن نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا، ئىلگىرى پامىر ئېگىزلىكىدە قوي بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان سۇلايمان ئىسمايىل زامانىۋى دېھقانغا ئايلاندى. 2018 ـ يىلى، ئۇ تاغدىن كۆچۈپ چۈشكەندىن كېيىن، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بىر پارنىكقا ھەقسىز ياردەم بەردى، ھەمكارلىق كارخانىسى ئۇلارنى مايسا بىلەن تەمىنلىدى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلىدى.

ئۆز ئائىلىسىدىكى قويلارنى تاغلىق رايوندىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ھاۋالىلىك بېقىشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، سۇلايمان ئىسمايىل پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆكتات ئۆستۈرۈش، قوغۇن ـ تاۋۇز ئۆستۈرۈش يېڭى تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. بۇلتۇر، ئۇ قوغۇن ۋە جاڭدۇ تېرىپ 20 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل تېپىپ، نامراتلىقتىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلدى. بۇ يىل ئۇ يەنە باشقىلاردىن ئىككى پارنىكنى ھۆددىگە ئالدى، «پەقەت ئەستايىدىل تېخنىكا ئۆگەنگەندىلا، كۆكتات ئۆستۈرۈپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ».

تېخىمۇ كۆپ چارۋىچى كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، تېپىنى ئۆزگەرتىپ زامانىۋى ئىشچىغا ئايلاندى.

25 ياشلىق بۇھەجەر ھەمدۇللا ھازىر قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئاقتاش بازىرى كەسىپلەر باغچە رايونىدىكى بىر ئاياغ كارخانىسىنىڭ تېخنىكا تاياقچى. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، كوئېنلۇن تاغلىق رايوندىكى بورۇنقى ئۆيىدە، بۇھەجەر ئائىلىسىنىڭ ئاران بەش مو يېرى بولۇپ، تېرىغان بۇغداي، كۆممقوناق ئائىلىسىدىكى تۆت جاننىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىگىلا يېتەتتى. ئائىلىدىكى باشقا چىقىملار ئېرىنىڭ دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا سىرتقا چىقىپ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىش قىلىپ تاپقان پۇلغا تايانغاندىن باشقا، كىرىشتۈرۈپ ئۆستۈرگەن ئون تۈپتەك ئۆرۈك دەرىخىدىن تاپقان ئازراق پۇلغا قاراشلىق ئىدى.

ئاقتاش بازىرىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، توققۇز كارخانا ماكانلاشقان كەسىپلەر باغچىسى ئۇنىڭغا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنىڭ ئىلھام بېرىشى ۋە ياردىمىدە، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئۇ تېخنىكا جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، ئۈنۈم جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تېخنىكا تاياقچىغا ئايلاندى، ھازىر ئۇ 20 نەچچە خىزمەتچىنى باشقۇرۇۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇھەجەرنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ئايلىق مائاشى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئىلگىرىكى يىللىق كىرىمىدىن خېلىلا ئېشىپ كېتىدۇ، كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ. «ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى دېگۈدەك بىر قېتىم ناھىيە بازىرىغا بېرىپ بازار ئايلىنىپ تاماق يەپ، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالىمەن» دېدى ئۇ.

ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى بالىسىنىڭ تەربىيەلىنىش شارائىتىنىڭ زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقى بولدى. بازاردىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلغان يەسلى ۋە مەكتەپنىڭ قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، ئوقۇتقۇچى كۈچى يېتەرلىك بولۇپ، تاغلىق رايوندىكى مەكتەپلەرگە ئوخشاش «بىر ئوقۇتقۇچى بارلىق دەرسلەرنى ئۆتمەيدۇ».

«ھۆكۈمەت بىزنىڭ تاغدىن چىقىشىمىزغا ياردەم قىلدى، مەكتەپ باللىرىمىزنىڭ تېخىمۇ يىراق جايلارغا بېرىشىغا ياردەم بېرىدۇ» دېدى ئۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**